يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# شىنجاڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئوتتۇرا، شىمال، جەنۇبتا مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى، شەھەر بەلبېغى، شەھەر تۈپىنى ئورۇنلاشتۇردۇ

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىخۇيىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 11 - ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىگىلىشىچە، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكىنى يېتىشتۈرۈپ، شىمالىي شىنجاڭ شەھەر بەلبېغىنى قۇرۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەر تۈپىنى بەرپا قىلىپ، كۆلىمى مۇۋاپىق، فۇنكسىيەسى مۇكەممەل، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق شەھەر - بازار سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدىكەن.

«بىر چەمبىرەك، بىر بەلباغ، بىر تۈپ» ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، تىيانشاننىڭ جەنۇبى - شىمالىنى قاپلاپ، ئىلمىي، ئورگانىك ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەندىكى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەر ھەم تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە كىچىك شەھەر - بازارلار بىرتۇتاش پىلانلىنىدىكەن، قۇرۇلىدىكەن، باشقۇرۇلىدىكەن.

بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى ئۈرۈمچى(بىڭتۇەن 12 - شىسى)نى مەركەز قىلىپ، سانجى، ۋۇجياچۈ، فۇكاڭ قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ بىر گەۋدە شەھەر بولۇپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، بىر سائەتلىك قاتناش تورى بەرپا قىلىش تېزلىتىلىپ، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشقا ناھىيە، شەھەرلىرى، شىخەنزە، قاراماي، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇنۇپ، ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە ئىقتىسادىنىڭ بىر گەۋدىلىشىپ تەرەققىي قىلىشى ئالغا سىلجىتىلىدىكەن.

«چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەرلەر بىلەن كىچىك شەھەر - بازارلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتىكى بولۇشقا تېگىشلىك مەزمۇن.» ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ياسىن سىدىق مۇنداق بىلدۈردى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر، بىڭتۇەننىڭ شى، تۇەنلىرى بىلەن بولغان كېڭىشىش - ھەمكارلىشىش، يىرىك پىلاننى ماسلاشتۇرۇش، سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇش، جەمئىيەت قاتنىشىش قاتارلىق مېخانىزملار مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، كەسىپ بىلەن شەھەر، شەھەر بىلەن يېزا، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك قاتارلىق ئۈچ تەرەپتىكى يۇغۇرۇلۇش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، بوشلۇق قۇرۇلمىسى ئېنىق بولغان، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىدارى بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان، مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىشى تەرتىپلىك بولغان، كەسىپ ئىش تەقسىماتى ماسلاشقان، قاتناش ئالاقىسى راۋان، ئاممىۋى مۇلازىمەت تەكشى بولغان، مۇھىتى ئىناق، ئولتۇراقلىشىشقا باب كېلىدىغان زامانىۋى مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

«جەزمەن رايون - شەھەر ھەمكارلىق تۈزۈلمە - مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، شەھەرلەر تەرەققىياتىنىڭ ماسلىشىشچانلىقى، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشچانلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.» ئالتاي ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى قادىر كەبىر مۇنداق بىلدۈردى: غۇلجا شەھىرىنى مەركەز قىلغان شىمالىي شىنجاڭ شەھەر بەلبېغى قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىپ، ئالتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۈيتۇن، قورغاس، چۆچەك، بورتالا، قوشئۆگۈز، بېيتۈن قاتارلىق شىمالىي شىنجاڭ شەھەرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش قەدىمى ئالغا سىلجىتىلىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭ شەھەر تۈپى قەشقەرنى رايون مەركىزى قىلىپ، قەشقەر، ئاتۇش، ئاقسۇ، كورلا، خوتەن، ئارال، تۇمشۇق، باش ئەگىمدىن ئىبارەت سەككىز جەنۇبىي شىنجاڭ شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە شەھەر كەسىپ سىستېمىسىنى يېتىشتۈرۈپ، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئاندىن نوپۇس بىلەن ئىقتىسادنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆستۈرۈپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە تۈرتكە بولغىلى بولىدۇ.» ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى خوۋ خەنمىن قەشقەر كونا شەھەر رايونىنى ئۆزگەرتىپ ساياھەت كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشنى مىسال قىلىپ مۇنداق بىلدۈردى: كەسىپ بىلەن شەھەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، شەھەر، كەسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى تۈرگە ئايرىشقا يېتەكلەپ، نوپۇس بىلەن كەسىپنىڭ ماس توپلىنىشى، كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ شەھەر - بازار قۇرۇلۇشى بىلەن ئورگانىك يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئومۇمىي يىغىندا يەنە تۆمۈريول، تاشيول، خەلق ئاۋىياتسىيەسى قاتارلىق قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىغا قارىتا ئېنىق يىرىك پىلان ئوتتۇرىغا قويۇلدى، مەيلى «تۆت ئايلانما» تۆمۈريول تورى، «ئۆزۈك يوللار»نى تۇتاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈرئەتلىك يوللارنى «ناھىيەلەرگە تۇتاشتۇرۇش» ياكى «شەرق بىلەن غەربكە يەلپۈگۈچسىمان يېيىلغان، شىنجاڭ ئىچىدە تورلاشقان» ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى تور ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈش بولسۇن، ھەممىسى «بىر چەمبىرەك، بىر بەلباغ، بىر تۈپ»نى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

# ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز

—— ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر جاڭ خۇيېننى زىيارەت

نوپۇزلۇق سۆھبەت

□ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شى شىن، پىراكتىكانت جاڭ بىنبىن**

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش مۇساپىسىدە، دۆلەت كارخانىلىرى كۈچلۈك «پاراۋوز» بولدى. «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتتا قانداق يېڭى قىياپەت نامايان بولىدۇ، قانداق قىلغاندا ئىسلاھاتنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئېرىشكىلى، قانداق قىلغاندا مۇھىم نۇقتىنى تۇتقىلى، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلىغىلى بولىدۇ؟ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر جاڭ خۇيېننى زىيارەت قىلدى.

### سۈپەت ۋە ئۈنۈم مۇقىم ئاشتى

جاڭ خۇيېن مۇنداق دېدى: «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ۋە تارىخىي بۇرچىنى چوڭقۇر تونۇپ، دۆلەت كاپىتالى ۋە دۆلەت كارخانىلىرىنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىشتا تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، باشتىن - ئاخىر چوڭ ۋەزىيەت ئاساسىدا پىلانلاپ، چوڭ يۈزلىنىش ئىچىدە ئالغا سىلجىتىپ، چوڭ ئىشلاردا نەتىجە ياراتتى. 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ كۆلىمى بىرقەدەر تېز ئېشىشنى ساقلاپ، مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28.4%، ساپ مۈلكى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25.0%، تىجارەت كىرىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29.2% ئاشتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە مۈلكى 100 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت كارخانىسىدىن تۆتى، 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت كارخانىسىدىن 33ى بار؛ تىجارەت كىرىمى 100 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت كارخانىسىدىن بىرى، 10 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىغان دۆلەت كارخانىسىدىن تۆتى بار؛ شىنجاڭ جۇڭتەي(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى جۇڭگودىكى 500 كۈچلۈك كارخانا ئىچىدە 129 - ئورۇندا تۇردى، شىنجاڭ رەڭلىك مېتال سانائىتى(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارمۇ ساھەلەر بويىچە ئالدىنقى قاتارغا كىردى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات سۈپىتى ۋە ئۈنۈمى مۇقىم ئېشىپ، پايدا ئومۇمىي سوممىسى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20.8%، يۇقىرىغا تاپشۇرغان باج - ھەق يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22.5% ئېشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پائال تۆھپە قوشتى.

### ئىسلاھاتتا يېڭى بۆسۈش ئىشقا ئاشتى

«ھاياتىي كۈچنى ئاشۇرۇش، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ پۇختا ئەمەلىيلىشىشى، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، تىزگىنلەش كۈچى، تەسىر كۈچى، خەۋپ - خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردۇق» دېدى جاڭ خۇيېن.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش كونسېپسىيەسى مۇكەممەللەشتى. «دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىق «39 + 1» ئىسلاھات سىياسىتى سىستېمىسى بەرپا قىلىنىپ تاماملاندى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى يولغا قويۇش لايىھەسى پات ئارىدا بېسىپ تارقىتىلىپ، ئىسلاھات نىشانى ۋە يول خەرىتىسى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئاچقۇچلۇق ساھە ۋە نۇقتىلىق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىندى. قوشۇۋېلىش ھەم قايتا تەشكىللەش، مۇدىرىيەت خىزمەت ھوقۇقى قاتارلىق توققۇز تۈرلۈك ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش پەلەمپەيسىمان قانات يايدۇرۇلدى، تۆت «قوش 100 كارخانا» ۋە بىر «پەن - تېخنىكا ئىسلاھاتى بويىچە ئۈلگە كۆرسىتىش قۇرۇلۇشى»نىڭ كارخانا ئىسلاھاتى پائال ئالغا سىلجىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ئاۋانگارتى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇندى.

ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى. «ئۈچكە قاراپ سىياسەت يۈرگۈزۈش، ئۈچ ماس كېلىش، ئۈچنى قىلماسلىق» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىسلاھات ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلارنى ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بويىچە ئىسلاھ قىلىش نىسبىتى 41.24%كە يەتكۈزۈلۈپ، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بويىچە ئىسلاھ قىلىنغان كارخانىلارنىڭ مۈلكى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلار مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەخمىنەن 45%نى، تىجارەت كىرىمى تەخمىنەن 88%نى ئىگىلىدى، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بويىچە ئىسلاھ قىلىنغان كارخانىلار زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئەمگەك - كادىرلار تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ئورنىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلار مەبلەغ سېلىپ پاي قوشۇش، مەبلەغنى كۆپەيتىپ پاينى كېڭەيتىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، پۇقراۋى كارخانىلار بىلەن بولغان كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، بازار ئىشەنچىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ تەسىر كۈچى، يېتەكلەش كۈچىنى جارى قىلدۇردى.

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى نەتىجە - ئۈنۈمگە ئېرىشتى

جاڭ خۇيېن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، «مۇستەھكەملەش، كۈچەيتىش، ئۆستۈرۈش، راۋانلاشتۇرۇش»تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ ئومۇمىي ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.

دۆلەت كاپىتالىنىڭ جايلىشىش قۇرۇلمىسى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇلدى. كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى رىقابەت ئەۋزەللىكى بەرپا قىلىنىپ، قاتناش سېلىنما گۇرۇھى، سۇچىلىق سېلىنما گۇرۇھى، ساياھەت سېلىنما گۇرۇھى قاتارلىق كەسىپ گۇرۇھلىرى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللەندى، بىر تۈركۈم نازارەت قىلىپ باشقۇرۇلىدىغان كارخانىلار يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىنچىكە پىششىقلاش، ساياھەت، ئېنېرگىيە تېجەش، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق دۆلەت مۈلكى نۇقتىلىق يۈزلىنىدىغان ساھەلەرگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن كىرىپ، تەخمىنەن 12 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملىدى. كەسىپ نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، 2016 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە جەمئىي 98 مىليارد 900 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملىدى، بولۇپمۇ 2020 - يىلى، يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە تەخمىنەن 14 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاپ، «مۇقىملاشتۇرغۇچ»لۇق رولىنى جارى قىلدۇردى.

شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشتە پائال نەتىجە - ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. مەركەز كارخانىلىرى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلىشى، كەسىپ ئاساسىنى ئەلالاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشى ماسلاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىلدى، مەركەز كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا سالغان مەبلىغى جەمئىي 700 مىليارد يۈەندىن ئاشتى.

كارخانىلار، بولۇپمۇ باشلامچى، تايانچ كارخانىلار يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە يېتەكلىنىپ، كەسىپ زەنجىرىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - ئوقۇتۇش - تەتقىقاتنى ماسلاشتۇرۇشىغا، يۈرۈشلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇندى. نۆۋەتتە 223 ھەرخىل تۈردىكى تېخنىكا مەركىزى ۋە 230دىن ئارتۇق يېڭىلىق يارىتىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، جەمئىي 5 مىليارد 100 مىليون يۈەن پەن - تېخنىكا سېلىنمىسى سېلىندى، 1000 تۈرگە يېقىن پاتېنت ئىلتىماس قىلىندى، يېڭى مەھسۇلات ئېچىلدى. 1 مىليارد 255 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئوبوروت خەۋپ - خەتىرىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىلدى، باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ 1 - ئاۋغۇست پولات - تۆمۈر چەكلىك شىركىتى، جۇڭتەي گۇرۇھىنىڭ 17 مىليارد 200 مىليون يۈەن قەرزنى پايغا ئۆزگەرتىش تۈرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇندى.

«بىز تەرەققىياتتا خەلقنى كۆزلەش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات مېۋىسىدىن خەلقنى ئورتاق بەھرىمەن قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى پائال ئادا قىلدۇق.» جاڭ خۇيېن مۇنداق دېدى: «13 - بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچى يېڭىدىن 65 مىڭ كۆپەيدى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش جەريانىدا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت كارخانىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىي 110دىن ئارتۇق تۈرنى يولغا قويدى، 17 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدى.

بۇ يىل تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت مۈلكى سىستېمىسىدا يۇقۇم كۆرۈلمەسلىك ئىشقا ئاشۇرۇلۇش بىلەن بىللە، ئىش، ئىشلەپچىقىرىش باشلامچىلىق بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، دوختۇرخانىلارنى ئۆزگەرتىش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئايرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، جەمئىي 102 مىليون يۈەن پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلدى، 72 مىليون دانىدىن ئارتۇق ماسكا ئىشلەپچىقاردى، 207 مىليون يۈەن ئۆي ئىجارىسىنى كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى.

### دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى، تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

جاڭ خۇيېن مۇنداق تونۇشتۇردى: «14 - بەش يىل» مەزگىلىدە، دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش كومىتېتى ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زورىيىپ، كۈچىيىپ، ئاساسىي كۈچ بولۇپ، ئىستراتېگىيەلىك تىرەكلىك رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرىدۇ.

بىرىنچى، خەلق تۇرمۇشىغا يەنىمۇ يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى ئۈچۈن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىپ، خاس ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە زورايتىشنى چۆرىدەپ، ساقلانما مىقدار قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، بازارلاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈش، قايتا تەشكىللەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئېنېرگىيە، خىمىيە سانائىتى، قاتناش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، رەڭلىك مېتال كانچىلىقى، سۇچىلىق بايلىقى، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، ساياھەتچىلىككە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق ساھەلەردە يەتتە ئەۋزەل كەسىپ گۇرۇھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زورايتىپ، 100 مىليارد يۈەنلىك كەسىپ زەنجىرىنى توپلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەندىزىسىنى كۈچەپ شەكىللەندۈرىدۇ؛ دىققەتنى يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاشقان مىقدارنىڭ سېلىنما يۆنىلىشىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىش گۇرۇھىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، دۆلەت كاپىتالىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك قاتارلىق ئەمگەك كۈچ جۇملەشكەن كەسىپلەرگە مەبلەغ سېلىشنى زورايتىشنى قوللايدۇ؛ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى ئېنېرگىيە، يېڭى ماتېرىيال، يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسىنى قوللىنىش قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللەنگەن كەسىپلەر ھەمدە زامانىۋى پۇل مۇئامىلە، ئاۋىياتسىيە مۇلازىمىتى قاتارلىق زامانىۋى مۇلازىمەت كەسىپلىرىنى پائال ئورۇنلاشتۇرۇپ، 3 - كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسى ۋە يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، ئىچكى - تاشقى ئېچىۋېتىش ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەركەز كارخانىلىرى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىدىغان 19 ئۆلكە، شەھەردىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ شىنجاڭغا كەسىپلەر ئارقىلىق ياردەم بېرىشىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ خەلقئارالاشقان تىجارەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، خەلقئارا بايلىق تەقسىملەشتە بەلگىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان بىر تۈركۈم ئەۋزەل كارخانىلارنى شەكىللەندۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئىسلاھاتنىڭ ئۈنۈۋېرسال نەتىجە - ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرىدۇ. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى پۇختا ئىگىلەپ، تەرەققىيات ئېھتىياجىنى تېخىمۇ ياخشى جىپسىلاشتۇرۇپ، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنىڭ ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، دىققەتنى زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئارىلاشما مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پۇختا چوڭقۇرلاشتۇرۇش، كاپىتال باشقۇرۇشنى ئاساس قىلغان دۆلەت مۈلكىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق سەككىز جەھەتتىكى نۇقتىلىق ئىسلاھات ۋەزىپىسىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، كەسىپ - كارخانىلارغا ئايرىپ مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كارخانىلارنى تېز يېتىلدۈرىدۇ.

ئۈچىنچى، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشنى يەنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشىدىكى سۇبيېكتلىق ئورنىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى كارخانا ئىستراتېگىيەسىدە ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تۈزۈلمە - مېخانىزمىنى كۈچەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قاتتىق سېلىنمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇمشاق مۇھىتنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىش سېلىنمىسى نىسبىتىنىڭ ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يەرلىكتىكى دۆلەت كارخانىلىرى ئىچىدە ئوتتۇرا ساھەنىڭ ياخشى قىممىتىدىن كۆپرەككە يېتىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

تۆتىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېتەكلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچ يىللىق ھەرىكىتىنى تۇتقا قىلىپ، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلات قۇرۇلۇشى، كادىرلار قوشۇنى، بولۇپمۇ كارخانىچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كارخانىغا قاراپ قەدەم تاشلاشنىڭ «ئاساسى» ۋە «روھى»نى مۇستەھكەملەيدۇ.

سكانىرلاپ سىنى كۆرۈڭ